# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 4 ـ ئاي

20

دۈشەنبە

维吾尔文 4 月20日

新疆日报 | شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25037 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىسىنى ساقلاش، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسى ئېغىر، جەزمەن كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلغان، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلغاندا، يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: جەزمەن تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىسىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭ تۇتۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## ئاپتونوم رايون بويىچە بەش دەرىجىلىك ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىلدى

### بۇ يىل كەنت دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مۇلازىمىتى بويىچە تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

«يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: «مەن ھەر ئايدا 3000 يۈەن كىرىم قىلالايمەن، سىزنىڭ ماڭا خىزمەت تېپىپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت» 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسى گۈلئاۋات يېزىسى بوستانتوغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھۆسەن زىياۋۇدۇن ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيگە قايتىپ، زۆرەم كامىل بىلەن كۆرۈشكەندە ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمەت ئېيتتى.

زۆرەم بوستانتوغراق كەنتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى پونكىتىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئاساسلىقى كەنت ئاھالىلىرىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، كەنتتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاش، يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەمكارلىشىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بۇلتۇر كەنتتە 5000 مودىن ئارتۇق يەر ئوبوروت قىلىنىپ، 200 ئارتۇق ئەمگەك كۈچى بار بولدى. «بىز ئەتراپتىكى كارخانىلار ھەم تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنى پائال ئۇدۇللاشتۇردۇق، يېقىن ئەتراپتىكى، ئۆز جايىدىكى 140 ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئىش ئورنى بىلەن ئالاقىلەشتۇق، بىر ماشىنىسازلىق جابدۇقلىرى كارخانىسى بىلەن 11 ئىش ئورنىنى ئۇدۇللاشتۇردۇق، ئىككى توقۇمىچىلىق كارخانىسى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، 30 كىشىنى زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەشكە ئەۋەتتۇق.» زۆرەم بۇ ئىشلارنى بەش قولدەك بىلەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، زۆرەمگە ئوخشاش بۇنداق كەنت دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ياردەمچىلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دەل جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىش، ئاساسىي قاتلام ئىجتىمائىي كاپالەت مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ئىدارىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى يېتەكچىلىك باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى جېنجياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، كەنت دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مۇلازىمىتى سۇپىسى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




## نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلۇشتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ «شەخسىي بۇيرۇتما»سى بار بولدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر چۇ يەنخەن)** ئېغىر نامرات جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نۇرغۇن كەنت ـ مەھەللىلەرگە ئوخشاشلا، چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقا يېزىسى يۇرۇقتاش كەنتى قۇملۇق بىلەن چېگرالىنىدۇ، ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇپ، دائىم قۇم ـ بوراننىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى داۋاملىق ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىغا ئاساسەن، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشنىڭ «شەخسىي بۇيرۇتما» پىلانىنى تۈزدى، نۇرغۇن نامرات ئائىلە قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش باشلامچىلىرىغا ئايلاندى.

### بىرىنچى كۆرۈنۈش: كىچىك پادىچى «قويچى ئاكا»غا ئايلاندى

30 ياشقا كىرگەن كەنت ئاھالىسى ئابدۇكېرەم تۇمەننىياز كىچىكىدىن باشلاپ قوي بېقىپ، كۈندە كالا ـ قوي بىلەن ھەپىلىشىپ كەلگەن، لېكىن شۇنچە باققان بولسىمۇ، ئون نەچچە قوي بىلەن پۈتۈن ئائىلىنىڭ نامراتلىقنى ئۆزگەرتەلمىگەن. خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىيو، تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ يۇرۇقتاش كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەللەرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئۇنىڭ كۆپ يىللىق باقمىچىلىق تەجرىبىسىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇنىڭ باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يۆلەپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قوتىنىغا سۇ، توك يەتكۈزۈش زۆرۈر بولغاندا، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلېكتر كۈچى تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، توك يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى ناھايىتى تېزلا ھەل قىلىپ بەردى؛ كەنتكە تۇرۇبا سۇيى يەتكۈزۈلگەندە، سۇ تۇرۇبىسى بىرىنچى ۋاقىتتا ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئۇلاندى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندا، خىزمەت ئەترىتى يەنە ئۇنىڭغا چارۋا باقمىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىنىشنى ئالاقىلىشىپ بەردى. نەچچە ئون يىل قوي باققان ئابدۇكېرەم ئىلگىرى پەقەت تەجرىبىسىگە تايانغاچقا تۆل ئېلىش نىسبىتىنىڭ ئاران 70% بولغانلىقىنى، ئىلمىي باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تۆل ئېلىش نىسبىتىنىڭ 90% ـ 85%كە ئۆرلىگەنلىكىنى بايقىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدا مەجبۇرەن كۆچەت تىكىلىپ يېڭى يېشىللىق بەرپا قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۇڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: «بىزنىڭ بۇ يەردە كۆچەت تىكىشتە، كەنت ئاھالىلىرى ئاكتىپ!» 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونى تېچاگوۋ بازىرى تيانشان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ما جيەنلىن مۇنداق دېدى: «كەنتىمىز خاشيۇگۇ مەنزىرە رايونىغا يېقىن، كۆپچىلىك مۇھىت ياخشىلانسا ھەممىمىزنىڭ تۆمپىيىدىغانلىقىدەك داۋلىنى بارغانسېرى چۈشەندى.» كەنت يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى 2000 تۈپتىن ئارتۇق يېڭى تىكىلگەن كۆچەتتىن شەكىللەنگەن ئورمان بەلبېغىغا قارىسىڭىز، دېھقانلار ئارامگاھلىرىنىڭ تۈرلۈك ۋۇيۇسكىلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيسىز.

ئەتىياز پەسلىدىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن پەيتتە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدا ئەتىياز پەسىللىك مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتى قىزغىن ئېلىپ بېرىلماقتا. ھازىرغىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 390 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم مەجبۇرەن كۆچەت تىكىشكە قاتنىشىپ، 4 مىليون تۈپكە يېقىن كۆچەت تىكتى.

مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئالدى بىلەن ئىشىك ئالدىدىن باشلاندى. تيانشان كەنتىگە ئوخشاش، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە نەچچە يۈز كەنت مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش بىلەن كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈردى، پارچە ـ پارچە يېڭى يېشىللىق كەنت يولى يېنىدا، ھويلا تېمىنىڭ سىرتىدا بەرپا بولماقتا. «نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 546 كەنت كۆكەرتىلدى، گۈزەللەشتۈرۈلدى، كۆكەرتىلگەن كۆلەم 13 مىڭ 500 موغا يەتتى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ جيەنمىڭ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ پەسىللىك ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

## ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ پەسىللىك ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1 ـ پەسىللىك ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



### گۈيۈ مەزگىلىدە تېرىقچىلىق بىلەن ئالدىراش بولۇش

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، بىڭتۇەن 10 ـ شىنىڭ 184 ـ تۇەنىدىكى لازا تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى ئېتىزدا لازا مايسىسى كۆچۈرمەكتە. گۈيۈ مەزگىلىدە، شۇ جايدىكى لازا تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى تېرىقچىلىق پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ لازا مايسىسى كۆچۈرۈپ، ئېتىزدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

☐ چېن ياڭ فوتوسى

## ئاپتونوم رايونىمىز ئېنېرگىيەدىن يېشىل پايدىلىنىش تېپىنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى

### پاكىز ئېنېرگىيە توك تارقىتىش گېنېراتورىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆت ئۈلۈشتىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **خۇ پېيگېڭ**: دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېنېرگىيەدىن يېشىل پايدىلىنىش تېپىنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەن. 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 36 مىليون 971 مىڭ 300 كىلوۋاتقا يېتىپ، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ 40.15%ىنى ئىگىلىگەن.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 19 مىليون 751 مىڭ 300 كىلوۋات، فوتوۋولت گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 10 مىليون 266 مىڭ كىلوۋات،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باھار مەنزىرىسى گۈزەل  ئېتىزلاردا دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

تېمپېراتۇرىنىڭ تەدرىجىي ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا تۈرلۈك دېھقانچىلىق ئىشلىرى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا، ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىدا تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ۋە بېرىلىپ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تېخنىكلار دېھقانچىلىق پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق پەرۋىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، مول ھوسۇل ئۈمىدىنى ئىللىق باھار نۇرىدا چاچتى.

### تېخنىكا مۇلازىمىتى ئارقىلىق بۇغدايىنىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىشىگە ياردەم بېرىش

زىرائەتلەرنىڭ ئوخشىغان ـ ئوخشىمىغانلىقى پۈتۈنلەي ئوغۇتقا باغلىق. 4 ـ ئاي بۇغدايىنىڭ ئېتىز پەرۋىشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل، مەكىت ناھىيەسىنىڭ غازكۆل يېزىسى لايىلىق پاختىلىق كەنتىدىكى بۇغدايلىقتا، بىر نەچچە چاقلىق دورا پۈركۈش ـ ئوغۇتلاش بىر گەۋدىلەشكەن ماشىنا گويا زۇمرەتتەك دولقۇنلار ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىدەك، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

كەنت ئاھالىسى مامۇت قاۋۇللا يەر تېرىشنىڭ ماھىرى. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۇ خوتۇنى بىلەن ئېتىزغا بېرىپ بىر تەرەپتىن ماشىنىدا يەرنى ئوغۇتلاشنى ساقلاپ، بىر تەرەپتىن ئېتىزدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتىدى. «ھازىر بۇغدايىنىڭ غول تارتىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئوخشىمايدۇ، ئوت ـ چۆپلەرمۇ چىقىشقا باشلىدى، ئورۇپ ئۆيدىكى توخۇلىرىمىزغا يەم قىلىشنىڭ ئوبدان پەيتى» دېدى ئۇ.

بۇ يىللىق بۇغدايىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىغا قارىتا مامۇتنىڭ ئىشەنچى تولۇپ تاشقاندى. ئۇ ئۈچ تۈپ بۇغداي مايسىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئىنچىكە ـ تومۇلۇقى ئوتتۇراھال بىر تۈپنى تاللاپ تۈپ ئاچىمقىنى ساندى، بۇغداي مايسىسىنىڭ تۈپ ئاچىمقى قانچە كۆپ بولسا، بۇغداينىڭ مەھسۇلات مىقدارى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

«بۇ يىل يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، بۇغدايىنىڭ ئەتىياز پەسىللىك پەرۋىشىگە دەخلى يەتمىدى، مۆلچەرلىشىمچە، بۇغدايىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى بۇلتۇرقىدىن 10% ئەتراپىدا ئاشىدۇ» دېدى مامۇت.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## قورغاس شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مېۋە ـ كۆكتات ئېكسپورت پورتىغا ئايلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل 1 ـ پەسىلدە، قورغاس پورتىدا 19 مىڭ 600 توننا مېۋە ـ كۆكتات ئېكسپورت قىلىنىپ، مال قىممىتى 171 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇ، شىنجاڭدىكى پورتلارنىڭ مېۋە ـ كۆكتات ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 59.21%ىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مېۋە ـ كۆكتات ئېكسپورت پورتىغا ئايلانغان.

2019 ـ يىلى، قورغاس پورتى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تاموژنىدىن ئۆتۈشىگە يېشىل يول ئېچىپ بەردى، ئېكسپورت قىلىنغان مېۋە ـ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云

新疆报业传媒集团